نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلايلى

### قاغىلىق ناھىيەسىنىڭ ئاقتاش بازىرى:

# كۆز ئالدىمىزدىكى تۇرمۇش نەچچە ئەۋلاد كىشىنىڭ ئارزۇسى



قاغىلىق ناھىيەسىنىڭ ئاقتاش بازىرىغا نەزەر(ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلاندا تارتىلغان سۈرەت). 2018 ـ يىلى قاغىلىق ناھىيەسى 840 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە ئەڭ چوڭ باشقا جايغا كۆچۈرۈپ ئورۇنلاشتۇرۇش رايونى قۇرۇپ چىقىپ، «بىر جاينىڭ سۇ، تۇپرىقى شۇ جاينىڭ كىشىلىرىنى باقالماسلىق» مەسىلىسىنى ھەل قىلدى.

□ ما جيابىڭ فوتوسى

**تەھرىردىن ئىزاھات:** شىنجاڭدىكى بىر قىسىم قاتتىق قولايسىز، نامرات، ئارقىدا قالغان جايلاردا، «بىر جاينىڭ سۇ، تۇپرىقى شۇ جاينىڭ كىشىلىرىنى بېقىشى تەس»، نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ تۈپ يولى. شىنجاڭ «13 ـ بەش يىل»لىق نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش ۋەزىپىسىنى ئومۇميۈزلۈك تاماملىدى، پامىر ئېگىزلىكىدىن تارىم ئويمانلىقىنىڭ گىرۋىكىگىچە، نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش شىنجاڭدىكى مىڭلىغان ـ ئونمىڭلىغان نامرات ئاممىنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتتى. «كۆچۈپ چىقالايدىغان بولۇش» مەسىلىسى ھەل قىلىنغاندىن كېيىن، قانداق قىلغاندا كۆچۈرۈلگەن ئاممىنىڭ «مۇقىم تۇرالايدىغان بولۇشى»، «بېيىيالايدىغان بولۇشى»غا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ؟ گېزىتىمىز بۈگۈندىن باشلاپ «نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش بويىچە باشقا جايغا كۆچۈرۈش نۇقتىسىدا كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىمىز» ئىستونىنى ئوتتۇرىغا چىقاردى، كۆچۈرۈلگەن ئاممىنىڭ تۇرمۇشىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى كۆرۈپ باقايلى.

باشقا جايغا كۆچۈرۈش نۇقتىسىدا كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىمىز ①

### □ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز خەن چىنيەن

6 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، قاغىلىق ناھىيە بازىرىدىن شەرقىي شىمالغا قاراپ يولغا چىقىپ، ئاپتوموبىلدا 22 كىلومېتىر يول يۈرگەندىن كېيىن، مۇخبىر بىنالار قويۇق ئورماندەك قەد كۆتۈرگەن، تەرتىپلىك پىلانلانغان قاغىلىق ناھىيەسىنىڭ ئاقتاش بازىرىدىكى نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇش رايونىغا كىردى، كۆرگەن ھەممىلا يەردە گۈللەپ ياشنىغان مەنزىرە نامايان بولغاندى.

ئاقتاش بازىرى چۆللۈكتە قەد كۆتۈرگەن بىر ئۈمىد شەھىرى. «كۆچۈپ چىقالايدىغان بولۇش، قالالايدىغان بولۇش، ئىشقا ئورۇنلىشالايدىغان بولۇش، كاپالەتكە ئىگە بولۇش» تەلىپى بويىچە، ئاقتاش بازىرى كەسىپلەرنى كۈچەپ تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تەڭشەپ، كىرىمنى ئاشۇرۇش يولىنى كېڭەيتتى، كۆچۈرۈلگەن ئاммا چوڭ قەدەمدە ھاللىق تۇرمۇشقا ئاتلانماقتا.

### «نامرات كولبە» بىلەن خوشلىشىپ يېڭى تۇرمۇشنى كۈتۈۋالدى

ئاقتاش بازىرىنىڭ چوڭ ـ كىچىك كوچىلىرىدا سەيلە قىلغاندا، قاتار ـ قاتار دەرەخلەر يېشىللىقنى نامايان قىلغان، پىيادىلەر يولىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى سەبدەرگۈل بەس ـ بەستە پورەكلەپ ئېچىلغانىدى، يېپيېڭى سېرىق تام، قىزىل ئۆگزىلىك ئۆيلەر رەتلىك تىزىلغان بولۇپ، كۆز يەتكەن يەرنىڭ ھەممىسى مەنزىرە ئىدى.

بۇ چۆللۈكتە قەد كۆتۈرگەن ئۈمىد شەھىرى ئۈچ يىل ئىلگىرى بىر تال گىياھمۇ ئۈنمەيدىغان چۆللۈك ئىدى.

«ھۆكۈمەت بىزگە سېلىپ بەرگەن ئۆيلەر چىرايلىق ـ راھەت، قاراڭ، ئايرىم ھويلا ۋە مۇكەممەل يۈرۈشلەشكەن ئەسلىھەلەر بار. ئائىلەم، كەسپىم بار، مەن ناھايىتى بەختلىك.» ئاھالە مەخمۇت ھېيت ئۆيىدە خۇشال ھالدا مۇنداق دېدى: «كۆز ئالدىمىزدىكى تۇرمۇش نەچچە ئەۋلاد كىشىنىڭ ئارزۇسى».

كۆچۈرۈشتىن بۇرۇن، مەخمۇت بىر ئائىلە كىشىلىرى كوئېنلۇن تېغىنىڭ ئېچكىرىسىدىكى چوپان يېزىسىنىڭ چارەكلە كەنتىدە تۇراتتى، ئىچىدىغان سۇنى ئەپكەش بىلەن توشۇيتتى، تۇرمۇشتا تەبىئەتكە تاينىدى. «ئەڭ قىيىن بولغىنى قىش كۈنى ئىدى.» تاغ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىز بولغاچقا، قىشتا قاتتىق سوغۇق بولاتتى، بىر ئائىلە كىشىلىرى پەقەت كۆمۈر قالاپ ئىسسىناتتى، كۆمۈر سېتىۋالىدىغان پۇلنى تېجەش ئۈچۈن، كۈندۈزى ئوتۇن قالاپ، كەچتە كۆمۈر قالايتتى، شۇنداق تېجىسىمۇ، كۆمۈر سېتىۋالىدىغان پۇلى يەنىلا ئائىلىنىڭ يىللىق كىرىمىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئىگىلەيتتى.

«يېڭى ئۆيى ھەقىقەتەن ياخشىكەن، ئىسسىنىشتىمۇ توك ئىشلىتىۋاتىمىز» دېدى مەخمۇت.

ئاقتاش بازىرىدا توك بىلەن ئىسسىنىش ۋە تۇرۇبا سۈيى ئىشلىتىش، يوندىنى تۇرۇبىدا ئاققۇزۇش، يېقىلغۇ گاز قاتارلىقلار ئاھالىلەرنىڭ ئۆيلىرىدىكى ئۆلچەملىك سەپلىمىگە ئايلانغانىدى.

«بىزمۇ شەھەرلىكلەرگە ئوخشاش تۇرمۇش كەچۈرەلەيدىغان بولدۇق،» مەخمۇت خۇشاللىقىدىن مۇنداق دېدى: «تېلېۋىزور، توڭلاتقۇ، كىرئالغۇ، يۇيۇلۇشلۇق سافا، توك قازان، گاز ئوچاق قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۆيىمىزدە بار».

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، كۆكيار يېزىسى، چوپان يېزىسى، ئۇششاقباش بازىرىدىكى 3063 ئائىلىدىكى 14 مىڭ نامرات نوپۇس نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش ئارقىلىق «نامرات كولبە» بىلەن تەلتۆكۈس خوشلىشىپ، يېڭى تۇرمۇشنى كۈتۈۋالدى.

### ئىشقا ئورۇنلىشىش كاپالەتكە ئىگە بولدى ئارزۇغا ئىنتىلىشتىمۇ باتۇر بولدى

ئىگەمبەردى ھېبىبۇللا كۆكيار يېزىسىدىن كۆچۈپ كەلگەن. بۇ «پارنىك كۆكتات تېرىقچىلىق مەستانىسى» يەردە كۆكتات تېرىلغانلىقىنى كۆرسىلا، بېرىپ تەتقىق قىلىپ باقاتتى، ئۇ چۈشىدىمۇ ئۆزىنىڭ بىر كۆكتات پارنىكى بولۇشنى ئويلايتتى.

بۇلتۇر، بازار ھەقسىز پارنىك بېرى بىلەن تەمىنلىگەندە، ئۇ تۇنجى يىلى ياڭيۇ تېرىش ئارقىلىق يەرنى ئوغۇتلىدى، ئىككىنچى يىلى تاتلىق كۆممىقوناق سېتىۋېلىش توختامى ئىمزالاپ، ئېتىزىغا 35 مىڭ تۈپ تاتلىق كۆممىقوناق تېرىدى. «بۇ يىل زىيان تارتماي مۇقىم پايدا ئالىمەن.» ئىگەمبەردى تولۇپ تاشقان مىننەتدارلىق ھېسسىياتى بىلەن: «پارتىيەنىڭ ياخشى سىياسىتىگە رەھمەت، بىزنى ياخشى تۇرمۇشقا ئېرىشتۈردى» دېدى.

ھەربىر كىشى ئارزۇغا ئىنتىلگۈچىدۇر، رازىمەنگۈل ئوسمانمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس. «بۇنداق دېسەم مېنى مەسخىرە قىلماڭ، مەن چوڭلار داشۆسىگە ئىمتىھان بېرىشنى ئويلىشىۋاتىمەن.» ئىشخانىدا ئولتۇرۇپ كومپيۇتېردا پىششىق مەشغۇلات قىلىۋاتقان رازىمەنگۈل ئىلگىرى ئائىلە ئايالى بولۇپ، بۇگۈنكى كۈندە ئېبرى بىلەن بىللە پەلەي زاۋۇتىنىڭ خىزمەتچىسىگە ئايلاندى.

رازىمەنگۈل قاغىلىق ناھىيەسىنىڭ چوپان يېزىسى ئىلىنىش كەنتىدىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېكىتىلگەن نامرات ئاھالە بولۇپ، 2018 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن ئاقتاش بازىرىغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، كۇرسقا قاتنىشىپ ئىشكى ئالدىدىكى نامراتلارنى يۆلەش زاۋۇتىدا خىزمەت تېپىپ، ئايدا 2000 يۈەندىن كۆپرەك مائاش ئالىدىغان بولدى.

«مۇقىم كىرىمگە ئىگە بولدۇم، تۇرمۇشۇم كاپالەتكە ئىگە بولدى، مەن ئارزۇغا باتۇرلۇق بىلەن ئىنتىلەلەيدىغان بولدۇم» دېدى رازىمەنگۈل تولۇق ئىشەنچ بىلەن. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، ئائىلىسى نامرات بولغاچقا، ئۇ داۋاملىق ئوقۇشتىن ۋاز كەچكەنىدى. بۈگۈنكى كۈندە، تىرىشچان، بىلىم ئېلىشقا ئىنتىلىدىغان ئۇ كارخانا تەرەپىدىن ئىشخانا باشقۇرۇش خادىملىقىغا تاللاپ ئۆستۈرۈلدى، تۇرمۇشنىڭ بارغانسېرى ياخشىلىنىشى ئۇنىڭ مەكتەپكە ئوقۇش ئارزۇسىنى قايتىدىن ياندۇردى.

بىر جاينىڭ سۇ، تۇپرىقى ئالماشتۇرۇپ، شۇ جاينىڭ كىشىلىرىنى بېيىتىش. ياشلارنىڭ ئارزۇسىنى ياخشى قوغداپ، كۆچۈرۈلىدىغان ئاممىنىڭ «كۆچۈپ چىقالايدىغان بولۇشى، مۇقىم تۇرالايدىغان بولۇشى، بېيىيالايدىغان بولۇشى»غا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئاقتاش بازىرى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ پەلەي زاۋۇتى، ئېلېكترون زاۋۇتى، كىيىم ـ كېچەك زاۋۇتى، ئاياغ زاۋۇتى قاتارلىق توققۇز كارخانىنى كىرگۈزۈپ، ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېكىتىلگەن نامرات ئاھالىدىن 2050 كىشىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى.

### ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈشنىڭ ياخشى ئۇسۇلى بولدى ئالدىغا قاراپ تەرەققىياتنى كۆزلىدى

«نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش سىياسىتى بولمىغان بولسا، مەن قانداقمۇ بۈگۈنكىدەك ياخشى تۇرمۇش كەچۈرەلەيمەن.» ھازىرقى بىلەن ئۆتمۈشنى سېلىشتۇرغاندا، كۆچۈرۈلگەن ئاھالە نۇرمەممەت نۇرنىڭ چىرايى خۇشاللىققا تولدى.

نۇرمەممەتنىڭ يۇرتى چوپان يېزىسى قارا شور كەنتىدە بولۇپ، كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، ئورمان مۇھاپىزەتچىلىككە تەكلىپ قىلىنىپ، ھەر ئايدا مۇقىم مائاشى بار بولدى.

«ئىلگىرى يەر تېرىشنىڭ كىردىمى قورساق تويغۇزۇش، كىيىم كىيىشكىلا يېتەتتى، تاغدىن كۆچۈپ چىققاندىن كېيىن، ئاندىن بېيىش ئىشىنى ئويلىششقا شارائىت ھازىرلاندى.» نۇرمەممەت ئورمان مۇھاپىزەتچىلىكىنى ياخشى قىلغاندىن سىرت، يەنە خوتۇنى بىلەن يېقىن ئەتراپتىكى دېھقانچىلىق مەيدانىدا بەش ئىنەك باقتى، سۈت سېتىشتىن قىلغان بىر كۈنلۈك كىرىمىلا 80 يۈەنگە يېتىدۇ. بىر ئائىلىدىكى ئۈچ جاننىڭ تۇرمۇشىدا بىردىنلا ئۆزگىرىش بولدى.

نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇش رايونىغا كۆچۈپ كىرىپ، ئۆي، يوللارمۇ ياخشى بولدى، نۇرمەممەتنىڭ مېجەزى بارغانسېرى ئوچۇق ـ يورۇق بولۇپ كەتتى، ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ، توكسىكلىت مىنىپ خوتۇنىنى ئېلىپ سىرتقا چىقىپ يېقىن ـ يورۇقلىرىنى يوقلايدىغان، ناخشا ئېيتىدىغان بولدى. «ياخشى تۇرمۇشنىڭ ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۇسۇلى بولۇشى كېرەك» دېدى نۇرمەممەت كۈلۈپ تۇرۇپ.

ياخشى كۈنلەر ئۈمىدنى ئۇرغۇتۇپ، كەلگۈسنى يورۇتتى.

ئاقتاش بازىرىنىڭ ھەرقايسى كەنتلىرىدە، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر، «ئەلراينى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترەتلىرى ۋە ئالاقىدار كارخانىلارنىڭ ياردەم بېرىشى ـ يۆلىشىدە، كەسىپ ئارقىلىق يۆلەش مەبلىغى ئائىلىلەرگىچە، ئادەملەرگىچە يەتكۈزۈلۈپ، كۆپ مەنبەلىك كىرىمنى ئاشۇرۇش يولى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى، شۇ جايدىكى ئاممىنىڭ «مېنى تەرەققىي قىلدۇر»دىن «مەن تەرەققىي قىلىمەن»دەك ئىدىيە ئۆزگىرىشنى ئىشقا ئاشۇردى.

نامرات ئاھالە تۇردىمەت داۋۇت ئەمدىلا 50 ياشتىن ئاشقان بولۇپ، كۆچۈرۈشتىن بۇرۇن «كوتۇنۇش» ھالىتىدە ئىدى. كۆچۈرۈلگەندىن كېيىن ئۇ ئولتۇرالمايلا قالدى، ياغاچچىلىق ھۈنىرىنى قايتىدىن تېپىۋالدى. يېقىن ئەتراپتىكى قۇرۇلۇش ئەترىتىدە ئىشلەمچىلىك قىلىپ، ھەر كۈنى 120 يۈەن كىرىم قىلدى.

«قەددىمنى تىك تۇتۇپ ياشاپ، ئالدىمغا قاراپ تەرەققىياتنى كۆزلەيمەن» دېدى تۇردىمەت ئىشەنچ بىلەن.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«لايىھە»دە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: مەكتەپتىن ئايرىلىپ ئىشقا ئورۇنلىشالمىغان ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەرنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، ئاپتونوم رايون رەتكە تۇرغۇزۇپ يوشۇرۇن كۈچلىرىنى قېزىش ئارقىلىق بىر تۈركۈم ئورگان، كەسپىي ئورۇنلار، كارخانىلار، ئاساسىي قاتلام تۈرلىرى، ئۆرلەپ ئوقۇش، ھەربىي سەپكە قاتنىشىش، ئىشقا ئورۇنلىشىش پىراكتىكىسى قىلىش، ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلەش ۋە جانلىق ئىشقا ئورۇنلىشىش قاتارلىق ئىشقا ئورۇنلىشىش ئورۇنلىرىنى جەملەپ، ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەرنىڭ تاللىشىغا قويىدۇ. ئاساسىي قاتلامدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى بوش قالغان ئىش ئورۇنلىرىنىڭ 80%ى ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەرگە يۈزلىنىپ قوبۇل قىلىدۇ. بۇ يىل كەسپىي ئورۇنلاردىكى بوش قالغان ئىش ئورنىنىڭ 70%نىگە بۇ يىل ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەر قوبۇل قىلىنىپ، نۇقتىلىق ھالدا ئاساسىي قاتلامدىكى ئوقۇتقۇچىلار، داۋالاش ـ سەھىيە تېخنىك خادىملىرىغا مايىللاشتۇرۇلىدۇ. مەركەزنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق كارخانىلىرى، يەرلىكتىكى دۆلەت كارخانىلىرى ئادەم ئىشلىتىش يوشۇرۇن كۈچىنى قېزىپ، ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەرنى قوبۇل قىلىش كۆلىمىنى كېڭەيتىپ، يېڭىدىن كۆپەيگەن ئىش ئورۇنلىرىغا 50%تىن تۆۋەن بولمىغان نىسبەت بويىچە بۇ يىل ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەرنى قوبۇل قىلىدۇ. ئوتتۇرا، كىچىك، ئۇششاق كارخانىلار ئوقۇش پۈتكۈزگەنلەرگە ماس كېلىدىغان ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىش ئورۇنلىرىنى زور كۈچ بىلەن ئېچىپ، ئاساسلىقى بۇ يىل ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەرنى قوبۇل قىلىدۇ. «ئالاھىدە ئىش ئورنى ئوقۇتقۇچىلىرى»نى قوبۇل قىلىش پىلانى، «ئۈچنى قوللاش، بىرنى يۆلەش» پىلانى ۋە «غەربىي قىسىم پىدائىيلار مۇلازىمىتى» پىلانى قاتارلىق ئاساسىي قاتلام تۈرلىرى ياخشى تەشكىللىنىپ يولغا قويۇلۇپ، قوبۇل قىلىش پىلانى ئەمەلىيلەشتۈرۈلىدۇ. ئاسپىرانتلار ۋە مەخسۇس كۇرستىن تولۇق كۇرسقا ئۆرلەپ ئوقۇغانلارنى قوبۇل قىلىش كۆلىمى كېڭەيتىلىپ، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ھەربىي سەپكە قاتنىشىشقا يېشىل يول ئېچىپ بېرىلىدۇ. ئۈچ يىلدا 10 مىڭ ياشنى پىراكتىكا قىلدۇرۇش پىلانى سىجىل يولغا قويۇلۇپ، دۆلەتنىڭ پەن ـ تېخنىكا پىلانى(مەخسۇس تۈر، فوند قاتارلىقلار) پەن تەتقىقات تۈرلىرىنى ئۈستىگە ئالغان ئالىي مەكتەپلەر، پەن تەتقىقات يۇرتى ـ ئورۇنلىرى، كارخانا قاتارلىق ئورۇنلار پەن تەتقىقات ياردەمچىسى ئىش ئورۇنلىرىنى ئېچىپ، بۇ يىل ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەرنى جەلپ قىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرىدۇ.

«لايىھە»گە ئاساسەن، ئاپتونوم رايون مەخسۇس ھەرىكەتنى يولغا قويۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىدۇ. 10 مىليون ئىش ئورنىغا توردا تەكلىپ قىلىش 100 كۈنلۈك مەخسۇس ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەر ۋە ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلارنى قولايلىق، يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئۇدۇللاشتۇرۇش يولى بىلەن تەمىنلەيدۇ. كەسپىي ئىقتىدارنى ئۆستۈرۈش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ، مەكتەپتىن ئايرىلىپ ئىشقا ئورۇنلىشالمىغان ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەرگە يۈزلىنىپ، كۆپ خىل شەكىلدىكى ئەمەلىيەت پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئوقۇش پۈتكۈزگەنلەرنىڭ ئەمەلىيەت ئىقتىدارىنى ئاشۇرىدۇ. ئىگىلىك تىكلەشكە يېتەكلەش ھەرىكىتىنى يولغا قويۇپ، ئىگىلىك تىكلەش باغچە رايونى، ئىگىلىك تىكلەش بويىچە يېتىشتۈرۈش بازىسى، ئىجادكارلار بوشلۇقى قاتارلىق ئىگىلىك تىكلەش مۇلازىمەت سۇپىلىرىدىن بىرتۇتاش پىلانلاپ پايدىلىنىپ، ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەرنىڭ ئىگىلىك تىكلىشىنى ھەر تەرەپلىمە قوللايدۇ.

«لايىھە»دە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېكىتىلگەن نامرات ئائىلىلەردىكى ئوقۇش پۈتكۈزگەنلەر، ئىشقا ئورۇنلاشقانلار يوق ئائىلىلەردىكى ئوقۇش پۈتكۈزگەنلەر، تۆۋەن كاپالەتلىك ئائىلىلەردىكى ئوقۇش پۈتكۈزگەنلەر، ئوقۇش پۈتكۈزگەن مېيىپلەر قاتارلىق ئىشقا ئورۇنلىشىشتا قىيىنچىلىقى بار كىشىلەر توپىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا كۆڭۈل بۆلۈپ كۆيۈنۈپ، خىزمەت ئىزدەش، ئىگىلىك تىكلەش ياردەم تولۇقلىمىسىنى ۋاقتىدا تارقىتىپ، مەخسۇس ئادەمنى مەسئۇل قىلىپ، مەخسۇس تىزىملىك دەپتىرى تۇرغۇزۇپ، ئۇلارنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى ۋە ئىشقا ئورۇنلىشىش ئېھتىياجىغا ئاساسەن، «بىر ئوقۇغۇچىغا بىر تەدبىر قوللىنىش» ھەرىكەتچان باشقۇرۇشنى يولغا قويۇپ، «بىرگە بىر» دەل جايىدا ياردەم بېرىش ـ يۆلەشنى قانات يايدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئىمكانقەدەر تېز ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئىگىلىك تىكلەشنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا ياردەم بېرىش كېرەك.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

كارخانىلارنىڭ تۇنجى قېتىم ئاشكارا پاي چېكى تارقىتىش ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلىشقا باشلىدى.

كاپىتال بازىرىنى رويخەتكە ئالدۇرۇش تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، شىنجاڭ ئاكسىيە نازارەتچىلىكى ئىدارىسى سىياسەت تەشۋىقاتىنى سىجىل كۈچەيتىپ، سىن ئارقىلىق تەربىيەلەش، توردا ئالماشتۇرۇش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، يېڭى ئاكسىيە قانۇنى، ئىگىلىك تىكلەش بۆلىكى ئىسلاھاتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش قاتارلىقلار بويىچە تەشۋىق قىلىش، تەربىيەلەشنى ئېلىپ باردى؛ كۆپ خىل يول ئارقىلىق تەۋەلىكىدىكى پېيى بازارغا سېلىنىدىغان شىركەتلەرنىڭ ئىلتىماس قىلىش ئارزۇسى، كەسىپ ئالاھىدىلىكى، ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت ئەھۋالى قاتارلىقلارنى ئىستاتىستىكا قىلىپ، ئىلمىي قاتلامغا ئايرىش، تۈرگە ئايرىشتا چىڭ تۇرۇپ، كارخانىلارنى يېتەكلەش بايلىق ئامبىرىنى ھەرىكەت ھالىتىدە يېڭىلىدى؛ ئاپتونوم رايون ۋە بىڭتۇەندىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بىلەن تەشەببۇسكار ھالدا ئۇدۇللىشىپ، تەۋەلىكىدىكى بىر قىسىم نۇقتىلىق زاپاس كارخانىلاردا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى قانات يايدۇردى؛ پېيى بازارغا سېلىنغان نۇقتىلىق شىركەتلەرنى ئاكسىيە بىرژىسىغا بېرىپ بىۋاسىتە پىكىر ئالماشتۇرۇشقا تەشكىللەپ، كارخانىلارنىڭ پېيىنى ئىگىلىك تىكلەش بۆلىكى، پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش بۆلىكىدە بازارغا سېلىشقا پۈتۈن كۈچ بىلەن تۈرتكە بولۇپ، شىنجاڭ كارخانىلىرىنىڭ رويخەتكە ئېلىش تۈزۈمى ئىسلاھاتىنىڭ پايدىسىدىن ئىمكانقەدەر تېز بەھرىمەن بولۇشىنى قولغا كەلتۈردى.

ئۇقتۇرۇشقا ئاساسلانغاندا، 6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىن 29 ـ كۈنىگىچە، شېنجېن ئاكسىيە بىرژىسى پەقەت ئەسلىدىكى جۇڭگو ئاكسىيە نازارەتچىلىكى كومىتېتى ئىگىلىك تىكلەش بۆلىكىدە تۇنجى قېتىم پاي چېكى قاتارلىقلارنى ئاشكارا تارقاتقان تەكشۈرۈلۈۋاتقان كارخانا تاپشۇرغان مۇناسىۋەتلىك ئىلتىماسنى قوبۇل قىلىدىكەن؛ 6 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنىدىن باشلاپ، يېڭى ئىلتىماس قىلغان كارخانىلار تاپشۇرغان مۇناسىۋەتلىك ئىلتىماسنى قوبۇل قىلىشقا باشلايدىكەن. «يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋەزىيىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، تۇنجى تارقىتىلغان، قوشۇۋېلىپ قايتا تەشكىللەنگەن تەكشۈرۈلۈۋاتقان تۈرلەر ۋە يېڭى ئىلتىماس قىلغان كارخانىلارنىڭ ئىلتىماس ماتېرىياللىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن مالىيە مەلۇمات جەدۋىلىنىڭ كۈچكە ئىگە مۇددىتى بىر ئاي ئۇزارتىلىپ، 7 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنىگىچە بولىدۇ. ئىگىلىك تىكلەش بۆلىكى IPOغا ئىلتىماس قىلىش ئويى بار شىركەتلەر، مۇناسىۋەتلىك ۋاستىچى ئاپپاراتلار پايچېك چاقىرىش چۈشەندۈرۈشنامىسىگە مۇناسىۋەتلىك ئۆچۈرلارنىڭ ئاشكارىلىنىدىغان مەزمۇنلىرىنى ئىمكانقەدەر تېز مۇكەممەللەشتۈرۈشى كېرەك، 6 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ئىگىلىك تىكلەش بۆلىكى يېڭى ئىلتىماس قىلغان كارخانىلارنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئىلتىماس قىلىش خىزمىتىنى تېزدىن قانات يايدۇرىدۇ» دېدى شىنجاڭ ئاكسىيە نازارەتچىلىكى ئىدارىسى شىركەت نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش 2 ـ باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى ما جەنۆبې.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)